# تۆھمەتكە قايتۇرما زەربە بېرىپ   ھەقىقەتنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ
# پۈتۈن كۈچ بىلەن شىنجاڭنىڭ تەستە قولغا كەلگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى قوغدايمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ مەسىلىسىدە، سۆزلەشكە ئەڭ ھوقۇقلۇق بولغىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق، ئوكيان ئارقىلىق يىراقتىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان، ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇپ باشقا دۆلەتلەرگە كەلسە - كەلمەس بىلجىرلاش، كەلسە - كەلمەس قول تىقىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بىر قىسىم ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرى ئەمەس. مەن شىنجاڭدا تۇغۇلغان، شىنجاڭدا چوڭ بولغان، شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنىڭ باشتىن كەچۈرگۈچىسى ۋە گۇۋاھچىسى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىدى، ھازىر تارىختىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر قاتنىشىش، باراۋەر تەرەققىي قىلىش ھوقۇق - مەنپەئەتى قانۇن بويىچە تولۇق ھۆرمەتلەندى ۋە كاپالەتلەندۈرۈلدى، سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقى تولۇق ھۆرمەتلەندى. 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى 58 نەپەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىل 36 نەپەر بولۇپ، %62.06نى ئىگىلىدى؛ 13 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 548 نەپەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىل 353 نەپەر بولۇپ، %64.42نى ئىگىلىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ ئوبلاست باشلىقلىقى، ئاپتونوم ناھىيەنىڭ ھاكىملىقىنى بىردەك رايون ئاپتونومىيەسىنى يۈرگۈزۈۋاتقان مىللەت پۇقراسى ئۈستىگە ئالدى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ھوقۇق - مەنپەئەتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئاساسىي تۇرمۇش كاپالەت سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 2019 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، پۈتۈن شىنجاڭدا 529 مىليارد 137 مىليون يۈەنلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يارىتىلىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %5.6 ئاشتى، شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ چىقىم قىلىشقا بولىدىغان كىرىمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا %5.6 ۋە %9.0 ئاشتى. نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، 2020 - يىلىغا بارغاندا پۈتۈن شىنجاڭدا نامرات ئاھالىلەرنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» مۇقىم ئىشقا ئاشۇرۇلدۇ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەمدە يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلدۇ، مۇتلەق نامراتلىق تۈگىتىلىدۇ. پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەربىيەلىنىش ھوقۇقى قاتارلىق ئىجتىمائىي ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش مىسلىسىز سەۋىيەگە يەتتى، شەھەر - يېزا ئاھالىسى ۋە شەھەر - بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلدى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق - مەنپەئەتى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، پۇقرالارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتى قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئېرىشتى. شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا، ئامېرىكا پاكىتقا خىلاپلىق قىلىپ، «تاللاشچان كور» بولۇۋالدى، بۇ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق قوش ئۆلچەم ۋە زومىگەرلىك قىلمىشىدۇر. بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلق قەتئىي قوشۇلمايدۇ، 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقى قەتئىي قوشۇلمايدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇققا پىسەنت قىلماي، كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەققانىيلىقنى دەپسەندە قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تۆۋەن چېكىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى پىلانلاپ، تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىگە ئىنتايىن ئېغىر زىيان سالدى. تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم پەيدا بولىدىغان، يامرايدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى تۈگىتىپ، تېررورلۇق پائالىيىتى كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ قانۇن بويىچە تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلدى. بۇ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى بىر تۈرلۈك كۈچلۈك تەدبىر بولۇپ، دۇنيانىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى پايدىلىق ئۈلگە بىلەن تەمىنلىدى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بەرگەن ئىجابىي باھاسىغا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ھەق - ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، جۇڭگونى قورشاپ توسۇپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. بۇنداق «باش قاتۇرۇش» پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال ئالدىدا پەقەت بىھۇدە ئاۋارە بولغانلىق، بىكار شاپاشلىغانلىق. پاكىت ھامان پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال ھامان ھەقىقىي ئەھۋال. ھەقىقىي ئەھۋال شۇكى: ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي، كەسكىن ئىزچىللاشتۇردى، ئەمەلىيلەشتۈردى، «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ھەم ئاز ساندىكى ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دىنىي ئەسەبىزم ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە قارىتا ئالاقىدار قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاشنى بىرلەشتۈرۈش سىياسىتىگە ئاساسەن، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسى بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى بۇ كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن تازىلاپ چىقاردى، بۇ، ئۇلارغا سەممىي ياردەم بەرگەنلىك، ئۇلارنى قۇتقۇزغانلىق. تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ تەسىس قىلىنىشىدىن قارىغاندا، ئۇ، قانۇن بويىچە تەسىس قىلىنغان، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بار، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئالاقىدار ئەھدىنامىلىرى، تەشەببۇسلىرىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن. تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ دەرسلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆگىنىش ئارقىلىق، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى، قانۇنچىللىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، قانۇنچىللىق قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ جىنايى ماھىيىتى ۋە ئېغىر خەۋپىنى ئېنىق تونۇدى، تەربىيەلەنگۈچىلەر مەكتەپتە يەنە بىردىن ئىككىگىچە كەسپىي ماھارەتنى بىر قەدەر پىششىق ئىگىلەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈردى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ كۈندىلىك باشقۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، تەلىم - تەربىيە مەركىزى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلدى؛ ياتاقلىق تۈزۈمدىكى باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەر قەرەللىك ئۆيىگە قايتالايدۇ، ئىشى بولسا رۇخسەت سورىيالايدۇ، خەۋەرلىشىش ئەركىنلىكى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلگەن؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇق - مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈم، دەرس سېتكىسى، تاماق تىزىملىكى قاتارلىقلاردا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ۋە شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى قوللىنىلدى، تۈرى كۆپ، ئوزۇقلۇقى مول بولغان مۇسۇلمانچە يېمەك - ئىچمەكلەرنى مەكتەپ ھەقسىز تەمىنلىدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق، ئۆي ئىچىدە قىش كۈنلىرى پار بار، ياز كۈنلىرى ھاۋا تەڭشىگۈچ ياكى شامالدۇرغۇچ بار، ياتاقتا تېلېۋىزور بار، مۇنچا تەربىيەلەنگۈچىلەرگە ھەقسىز ئېچىۋېتىلدى، داۋالاش ئۆيى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى ھەر كۈنى 24 سائەت ھەقسىز داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. نۆۋەتتە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەربىيەلەنگۈچى تەربىيەلىنىشنى تاماملاپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. خەلقئارادا مالىمانچىلىق ۋەزىيىتى بىلەن ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى گىرەلىشىپ كەتكەن، قىسمەن توقۇنۇش بىلەن داۋالغۇش ئۈزۈلمەي كۆرۈلۈۋاتقان چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشتە، دۆلىتىمىز سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقى، كىشىلەر كۆڭلىنىڭ خاتىرجەملىكى، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپلىك بولۇشى، ئائىلىلەرنىڭ تەكشى مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، ئىقتىساد سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىش، جەمئىيەت سىجىل بىخەتەر، مۇقىم بولۇشتىن ئىبارەت «ئىككى چوڭ مۆجىزە»نى يارىتىپ، دۇنيادىكى ئەڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق، رايىش، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تىنچ، ئىناق بولدى.

شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، بىز چوقۇم ھەسسىلەپ قەدىرلەيمىز. يوللۇق ئىشنى قوللايدىغانلار كۆپ بولىدۇ، يولسىزلىق قىلغانلار يالغۇز قالىدۇ. بۇ يەردە ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارغا شۇنداق نەسىھەت قىلىمەنكى: ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ. ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىپ، ئۆز دۆلىتىڭلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىنىڭلار. شىنجاڭنىڭ ئىشى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، سىلەرنىڭ باش قاتۇرۇشۇڭلار ھاجەتسىز؛ جۇڭگونىڭ ئىشىنى جۇڭگونىڭ ياخشى قىلىشقا قۇربى يېتىدۇ، سىلەرنىڭ قول تىقىشىڭلار ھاجەتسىز.

ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك قىلمىشىغا قارىتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىردەك مۇنداق بىلدۈردى ——

# ھەر خىل كاشىلا، بۇزغۇنچىلىقلار پەقەت بىزنى تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇردۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئامېرىكىنىڭ ئاساسسىز بوھتان چاپلىشى پۈتۈنلەي تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ يامان غەرىزى ھەممىگە ئايان.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى ئۇچۇر تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى جاۋ شۆجۈن مۇنداق دېدى: ئامېرىكا ئۆزىنىڭ زومىگەرلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ئىزچىل «مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىش، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلاش»تەك قوش ئۆلچەم قوللىنىپ كەلمەكتە. ئۇلار شىنجاڭنىڭ تەلىم - تەربىيە شەكلىنى قوللىنىپ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۇسۇلىنى كەلسە - كەلمەس ئەيىبلەپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ھەقىقەتنىمۇ يولسىزلىق، زومىگەرلىكتە چېكىگە يەتتى.

«شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى›دە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەش پۈتۈن كۈچى بىلەن پىتنە - ئىغۋا تۇقۇپ بوھتان چاپلاش قىلمىشىدۇر!» شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى غەيرەت ئەنۋەر بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى سۈپىتىدە خوتەندىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك قارا تۇمانلىرى ئارىسىدىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلار تەربىيەلەنگۈچىلەرنى ئۆزىنىڭ بالىسىدەك كۆرۈپ، ھەربىر تەربىيەلەنگۈچىنىڭ ئىدىيەسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، ئىلگىرىلىشىگە كۆڭۈل بۆلدى. مۇزىكىنى ياخشى كۆرگەنلەرگە نوتا ئۆگىتىپ، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىشنى ياخشى كۆرگەنلەرگە تېخنىكا ئۆگىتىپ، مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن ئۇلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇلارنى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ئۈزۈل - كېسىل چۆرۈپ تاشلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىشكە يېتەكلىدى. «مەن بۇ تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئىلگىرىلىگەنلىكىدىن چىن كۆڭلۈمدىن خۇشال بولدۇم» دېدى غەيرەت ئەنۋەر.

**قەبىھ غەرەز پەقەت بىزنى تېخىمۇ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلاشتۇردۇ**

«ئايىغىنىڭ پۇتقا دەل كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى، ئايىغى كىيگەن ئادەملا بىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە، بىز سۆز قىلىشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق!» ئاۋات ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم ئوبۇلقاسىم مەتتۇرسۇن مۇنداق بىلدۈردى: بۈگۈنكى ياخشى كۈنلەرنى بىز ئىلگىرى چۈشىمىزدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان، بىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىمىز، بىزنىڭ تىنچ، ئىناق، بەختلىك بولۇشىمىزنىڭ ھەممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاندىن ئىشقا ئاشقان، ھەرقانداق ئادەمنىڭ باھانە تېپىپ شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئالغا بېسىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشىغا بىز قەتئىي قوشۇلمايمىز!

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ كېرىيە ناھىيەسى كۆكيار يېزىسىنىڭ قوتاز ئېرىق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى زەپەر سۇلتان مۇنداق دېدى: ھەر مىللەت ئامما، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى قوتاز ئېرىق كەنتىدە، ھەممە ئائىلىلەرگە ياردەم قىلىدىغان ئادەم بار، ھەممە ئادەمگە غەمخورلۇق قىلىنىدۇ. ھەر قېتىم ئاممىنىڭ ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ كىرىمنى ئاشۇرغان چاغدا چىرايىدا جىلۋىلەنگەن تەبەسسۇمنى كۆرسەم مەن مۇنداق ئويلايمەن: پاكىت دېگەن نېمە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئالقىش ياغدۇرغانلىقىنىڭ ئۆزى پاكىت، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەخت تۇيغۇسىنىڭ ئۆزى پاكىت! پاكىت ئالدىدا، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىغان، ھەق - ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان بارلىق سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئامېرىكىنىڭ قەبىھ غەرىزى ۋە زومىگەرلىك ماھىيىتى پەقەت بىزنى تېخىمۇ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلاشتۇردۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر ساۋ جۈبىن مۇنداق دېدى: 2014 - يىلىدىن 2018 - يىلىغىچە، شىنجاڭدا 2 مىليون 314 مىڭ 700 ئادەم مۇتلەق نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرگەنلىكىنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتى، ھەرقانداق بوھتان چاپلاش ۋە داغ تەگكۈزۈشنىڭ ھەممىسى بۇنى يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. بۈگۈنكى شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىۋاتىدۇ، تۈرلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتلەر قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى، كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى تارىختىكى ھەرقانداق بىر مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئىرادىسى مىسلىسىز مۇستەھكەم، گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىش قەدىمى مىسلىسىز مۇستەھكەم!

**ئىناق، مۇقىم ۋەزىيەتنى قەتئىي قوغدايمىز**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۈڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى تالئەت ئىسلام مۇنداق دېدى: شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق چوقۇم ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش»قا ئۇرۇنۇشتەك رەزىل نىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دانا تەدبىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت تەلەپىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەستە قولغا كەلگەن ئىناق، مۇقىم ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قەتئىي، كەسكىن ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى كېرەك.

«بىز ھەرقانداق دۈشمەن كۈچلەردىن قورقمايمىز، ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلارنىڭ سۇيىقەستىنى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ۋىجدانلىق خەلقلەر ئېنىق كۆرۈپ يەتكەن، كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش قىلمىشى ھەققانىي كۈچلەر تەرىپىدىن سوتلىنىدۇ!» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ھوقۇق - مەنپەئەت بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى مېھرىگۈل.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىس ئالىم ياقۇپ مۇنداق بىلدۈردى: قەتئىي، كەسكىن ھالدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، بارلىق دۈشمەن كۈچلەرنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بوھتان چاپلىشى، تۆھمەت قىلىشىغا قايتۇرما زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي ھالدا «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ سىڭدۈرمىچىلىكىگە تاقابىل تۇرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىمىز.

لوپ ناھىيەسىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى روزىتوختى توقسۇننىڭ ئىزچىل رېستوران ئېچىش ئارزۇسى بار ئىدى، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارزۇسى تەدرىجىي رېئاللىققا ئايلاندى. قىزىقىش سەۋەبىدىن روزىتوختى ئۆگىنىش مەزگىلىدە رېستوران باشقۇرۇش كەسپىنى تاللىغان، دەرس بېرىدىغان مۇئەللىم ناھايىتى سەۋرچان بولۇپ، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ۋاقتى بولسىلا ئۇنىڭغا رېستوران باشقۇرۇش بىلىملىرىنى تەكرار قىلىپ بەرگەن. ھازىر روزىتوختى يېزىدىكى نامراتلارنى يۆلەش كەسپلەر باغچىسىنىڭ ئاشخانىسىنى ھۆددىگە ئالدى، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن كەسپىي بىلىملىرى ئەسقاتتى. «دوستۇم ئىككىمىز نىشانىمىزنى بېكىتتۇق، تىجارەتنى كېڭەيتىپ، ئاشخانىنى زەنجىرسىمان چوڭ رېستوران قىلىپ ئاچىمىز» دېدى روزىتوختى كەلگۈسىگە بولغان تولۇق ئىشەنچ بىلەن.

**(مۇخبىرلىرىمىز يۈەن لىي، شى شىن، ۋاڭ شىڭرۇي، جاڭ يۈنمېي، جېڭ جو، لياڭ لىخۋا، جاڭ جىلى، خەن چىنيەن، لى لىن، فەن خۇيكېي، شيا چىڭ يازغان)**